
# ئىستىقلال ئاۋازى

ماي 2025
ئومۇمىي 58- سان

## تۈركىيەدە خىتاينىڭ جاسۇسلۇق گۇرۇھى بىتچىت قىلىندى



خىتاي ئۈرۈمچىدە ئارقىمۇ ئارقا خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزدى
19-بەت

قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقارغان تەتقىقاتچىنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلىدى
23-بەت

خىتاي ئاتالمىش «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۇزىيى» قۇرۇپ ئىشغالىيىتىنى بورمىلاشقا ئۇرۇندى
29-بەت

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى: خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتمەكتە
45-بەت

ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

# ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

## تەھرىر
ي. قۇرۇم

## لايىھەلىگۈچى
س. تارىم

## كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

## نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

## نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

## ئادرېس
Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 ختاي ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىغا يۈرگۈزگەن جازانى بىكار قىلدى

3 ختــاي ئاخبارات ئەركىنلىكى جەھەتتە ئارقىدىن ســانىغاندا 3-ئورۇنغا تىزىلدى

5 2-نۆۋەتلىك دىنىي ئىلىم ئوقۇغۇچىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

7 ختاي بۇ يىل تالان-تاراجغا مەركەزلەشكەن 500 نۇقتىلىق تۈرنى پىلانلىدى

9 ئامېرىكا بىلەن ختاي كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى

11 ختاي تۇنجى نۆۋەتلىك ختاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى

15 ختايلارنىڭ تۈركىيەدە پاش بولغان ئالاھىدە جاسۇسلۇق ھەرىكىتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى










# مۇندەرىجە


19 خىتاي ئۈرۈمچىدە يەنە ئارقىمۇ ئارقا خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزدى

23 قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقارغان تەتقىقاتچىنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلىدى

25 خىتاينىڭ قۇياش ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىدا مەخپىي ئالاقە ئۈسكۈنىسى بايقالدى

27 ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

29 خىتاي ئاتالمىش «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۇزېيى» قۇرۇپ ئىشغالىيىتىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇندى

31 خىتاي ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ساختا تەشۋىقات كىنوسىنى خەلقئارالىق فېستىۋالغا قاتناشتۇردى

33 خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان غايەت زور تور ئالدامچىلىق ئۇۋىسى پاش بولدى

35 خىتاي تور يازغۇچىسىنىڭ ماقالىسى ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى ئاشكارىلىدى

39 خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە يىغىن ئاچتى

43 خىتاي تارىم نېفىتلىكىدە 200 گە يېقىن دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلىغان

45 نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتى: خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتمەكتە

47 كارىكاتۇر

# خىتاي ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىغا يۈرگۈزگەن جازانى بىكار قىلدى

ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقان خىتاي 2021-يىلى ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ياۋروپا پارلامېنتىدىن ئۈچ ئېلىپ، جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بەش پارلامېنت ئەزاسىغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ياۋروپا پارلامېنتى 30-ئاپرېل خىتاينىڭ 2021-يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بەش پارلامېنت ئەزاسىغا يۈرگۈزگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە بۇنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى سۆھبەتنىڭ قايتا قوزغىتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم قەدەم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا پارلامېنتى بۇ ھەقتىكى باياناتىدا خىتاينىڭ قارارىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى، خۇسۇسەن ئىنسانىي ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق يادرولۇق مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپنى يوققا چىقىرالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقى 2021-يىلى 22-مارتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرىغا قاماش، باستۇرۇش جىنايىتىگە چېتىشلىق بولغان بىر قىسىم خىتاي



ئەمەلدارلىرىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا جازا يۈرگۈزگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا خىتايمۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قارارىدىن دەرھال ئۆچ ئېلىپ، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون كىشىگە، شۇنداقلا تۆت ئورگانغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى.

بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسەت ۋە جازا تەدبىرلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئورگاننىڭ بىر باياناتچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلمىگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك خىتاي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا قاراتقان جازانى بىكار قىلغان تەقدىردىمۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ئەمەلدارلارغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

# خىتاي ئاخبارات ئەركىنلىكى جەھەتتە ئارقىدىن سانىغاندا 3-ئورۇنغا تىزىلدى





ئاخبارات ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات «چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى» 2025-يىللىق دۇنيا ئاخبارات ئەركىنلىكى رەت تەرتىپىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي تېخىمۇ ئارقىغا چېكىنىپ، ئارقىدىن سانىغاندا 3-ئورۇنغا تىزىلغان.

مەزكۇر تەشكىلات 2002-يىلدىن تارتىپ باھالاپ كېلىۋاتقان ئاخبارات ئەركىنلىكى تەكشۈرۈشىدە بۇ يىل 180 دۆلەت باھالانغان. خىتاي بۇلتۇرقىدىن ئالتە ئورۇن چېكىنىپ، 178-ئورۇنغا تىزىلغان. ئامېرىكا بۇلتۇرقىدىن 10

ئورۇن چېكىنىپ، 57-ئورۇنغا تىزىلغان. ئاخبارات ئەركىنلىكىدە ئەڭ ئالدىغا تىزىلغىنى نورۋېگىيە، ئەڭ ئارقىغا تىزىلغىنى ئافرىقا دۆلىتى ئېرىترىيە ئىكەن.

چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى بۇ يىللىق دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم ئاخبارات ئەركىنلىكىنىڭ پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئومۇميۈزلۈك چېكىنگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەرشارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي چېكىنىشنىڭ ئاخبارات ساھەسىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرىنى تىلغا ئالغان.

خىتاي نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ژۇرنالىستلارنى ئەڭ كۆپ تۇتقۇن قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلماقتا.



# 2-نۆۋەتلىك دىنىي ئىلىم ئوقۇغۇچىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

3-ماي ئىستانبۇلغا جايلاشقان ساباھاتتىن زايىم ئۇنىۋېرسىتېتىدا، دىنىي ئىلىملەر كەسپىدە ئوقۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ماگىستىر ۋە دوكتورانت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاكادېمىكلار، ئۇستازلار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىشتىراك قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ ھەمدەمدە بولۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن چاناققەلئە 18-مارت ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور، دوكتور نۇرئەھمەد قۇربان ۋە ئىستانبۇل مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى، شەرقىي



تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا لېكسىيە سۆزلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى، قۇرئان تەتقىقاتى، پەلسەپە تارىخى، تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى، نۆۋەتتىكى رېئال مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنى سۇندى ۋە ئىشتىراكچىلارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

يىغىن خۇلاسىسىدە بۇ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئۈچ خىل تىلدا يېزىلغانلىقى، بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا خانىم-قىزلارنىڭ زور نىسبەتتە كۆپىيىشى قاتارلىق نۇقتىلارنىڭ تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەندى. يىغىن ئاخىرىدا لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرگە مۇكاپات تەقدىم قىلىندى.











# خىتاي بۇ يىل تالان-تاراجغا مەركەزلەشكەن 500 نۇقتىلىق تۈرنى پىلانلىدى



ختاي بۇ يىلمۇ شەرقىي تۈركىستاننى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ يىل ئىچىدە تەبىئىي بايلىقلارغا مەركەزلەشكەن 500 نۇقتىلىق تۈرنى يولغا قويۇشنى پىلانلىغان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ختاي بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىي سېلىنمىسى 3 تىرىليون 470 مىليارد يۈەنگە يېتىدىغان 500 نۇقتىلىق تۈرنى يولغا قويۇشنى پىلانلىغان. يىللىق پىلان بويىچە بۇنىڭ ئىچىدە 406 مىليارد 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملىنىدىكەن.

خەۋەردە بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۇقتىلىق تۈر سانىنىڭ 2024-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 70 تۈر كۆپەيگەنلىكى، يىللىق پىلاندىكى سېلىنمىنىڭ 56 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك ئاشقانلىقى، كۆلەم ۋە سان جەھەتتىن زورايغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 500 نۇقتىلىق تۈر ئىچىدىكى 443 تۈر سۇ بايلىقى، ئېلېكتر تورى، نېفىت-تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى، نېفىت - تەبىئىي گاز زاپىسىنى كۆپەيتىپ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش، كۆمۈردىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، يېڭى تىپتىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى سىستېمىسى قاتارلىق تەبىئىي بايلىق، ئېنېرگىيە ساھەسىگە مەركەزلەشكەن. قالغان 57 نۇقتىلىق تۈرمۇ ساياھەتچىلىك قاتارلىق ختاي كۆچەۋاتقان ساھەلەرگە چېتىلغان.

ختاي شەرقىي تۈركىستانغا ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە مەبلەغ سېلىشنى داۋاملىق زورايتىۋاتقان بولۇپ، بۇنى ئاتالمىش «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» تەرىقىسىدە تەشۋىق قىلماقتا. ھالبۇكى، ختاينىڭ بۇ مەبلەغ تۈرلىرى ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غايەت زور تەبىئىي بايلىقىنى، ئېنېرگىيە زاپىسىنى تېز سۈرئەت ۋە زور كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ختايغا توشۇش، مەجبۇرىي ئەمگەك ئورۇنلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

# ئامېرىكا بىلەن خىتاي كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى

ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ۋەكىللىرى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى كۈنلۈك سۆھبەتتىن كېيىن، تاموژنا بېجى مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى، ھەر ئىككى تەرەپ باجنى 115% تۆۋەنلىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى سكوت بېسسېنت ۋە خىتاي مۇئاۋىن باش مىنىستىرى خې لىفېڭنىڭ باشچىلىقىدىكى ئىككى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى 10-ماي شۋېيتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدە ئۇچراشقان بولۇپ، ئىككى كۈن داۋاملاشقان سۆھبەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2-ئاپرېلدىن تارتىپ خىتايدىن باشقا دۆلەتلەرگە يولغا قويۇلغان تاموژنا بېجىنى 90 كۈن كېچىكتۈرۈش قارارى خىتايغىمۇ ئىجرا قىلىنغان.

ھەر ئىككى تەرەپ تاموژنا بېجىنى 115% تۆۋەنلىتىشكە قوشۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا خىتايغا قويغان تاموژنا بېجى 145% تىن 30% كە، خىتاي ئامېرىكىغا يولغا قويغان 125% لىك تاموژنا بېجى 10% كە چۈشۈرۈلگەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ فېنتانىل مەسىلىسىدە خىتايغا ئىجرا قىلغان 20% لىك تاموژنا بېجى داۋاملىق ساقلاپ



قېلىنغان. ئىككى تەرەپ بۇ ھەقتە بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىغان.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى بېسېنت سۆھبەتتىن ئىلگىرى تاراتقۇلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ چوڭ تىپتىكى كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئەمەسلىكىنى قەيت قىلغانىدى. ئەمما ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىشتىن كېيىن كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

# خىتاي تۇنجى نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى



خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، تۈرلۈك خەلقئارالىق يىغىن ۋە مۇنبەرلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزۈلۈشى دىققەت قوزغاپ كەلمەكتە. بۇنىڭ جۈملىسىدىن 12-ماي ئۈرۈمچىدە تۈنجى قېتىملىق خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.



خىتاي مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئورگان تور بېتىدە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي، خىتاي مائارىپ مىنىستىرى خۇەي جىنپېڭ، مۇئاۋىن مائارىپ مىنىستىرى ۋۇ يەن قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن قازاقىستاننىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئالىي مائارىپ مىنىستىرى، قازاقىستان مائارىپ مىنىستىرى، قىرغىزىستان مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن مىنىستىرى، تاجىكىستان مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن مىنىستىرى، تۈركمەنىستان مائارىپ مىنىستىرى ۋە ئۆزبېكىستان ئالىي مائارىپ مىنىستىرى قاتارلىقلار قاتنىشىپ سۆز قىلغان.

ما شىڭرۈي يىغىندا كونا ئىبارىلىرىنى تەكرارلاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن يۇقىرى قاتلاملىق مائارىپ ۋە

پەن-تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ قەرەللىك ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى، خەلقئارالىق كۆتۈپخانىلارنى كېڭەيتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان. ئارقىدىن خىتاينىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىرى ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلغان.

يىغىندا «خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مىنىستىرلىرىنىڭ يىغىن مېخانىزمى خىزمەت نىزامنامىسى» ۋە «خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنىنىڭ ئۇرۇمچى خىتابنامىسى» ماقۇللانغان. يىغىندا يەنە خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا كەسىپ-مائارىپ بىرلىكمە ئىتتىپاقى ۋە يەرشارى ئوقۇتقۇچىلار تەرەققىيات ئاكادېمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي-قازاقىستان سەرخىل ئىنژېنېرلار ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇش توختامى ئىمزالانغان. بۇلاردىن سىرت، بىر تۈركۈم تەتقىقات ھەمكارلىق ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان بولۇپ، بۇلتۇر 24-سېنتەبىر خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئالىي سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى يىغىنىمۇ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا خىتاي سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن، ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ»، دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەت، توردىكى جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، رايون خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش ھەققىدە ئورتاق كېڭەشكەنلىكىنى دەۋا قىلغانىدى.




ختاي بۇ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مائارىپ ساھەسىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، يۇمشاق كۈچىنى تېخىمۇ زورايتىش نىيىتىنى ئاشكارىلىغان.

نۆۋەتتە غەرب ئەللىرىدە قەدەممۇ قەدەم چەكلىنىۋاتقان كۇڭزى ئىنىستىتۇتلىرى، ختاي تىلى كۇرسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە كېڭەيتىلمەكتە.

ختاينىڭ چەت ئەلدىكى يۇمشاق كۈچىنى، ساختا تەشۋىقاتىنى زورايتىش فۇنكسىيەسىدىكى كۇڭزى ئىنىستىتۇتىنىڭ ئورگان تور بېتىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، نۆۋەتتە قازاقىستاندا بەش، قىرغىزىستاندا تۆت، ئۆزبېكىستاندا ئىككى، تاجىكىستاندا ئىككى كۇڭزى ئىنىستىتۇتى بار ئىكەن.

# خىتايلارنىڭ تۈركىيەدە پاش بولغان ئاللاھىدە جاسۇسلۇق ھەرىكىتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى

تۈركىيە دۆلەتلىك ئىستىخبارات تەشكىلاتى ئىستانبۇلدا جىددىي ھەرىكەت ئىجرا قىلىپ، ساختا بازا پونكىتلىرى قۇرۇش ۋاستىسى بىلەن جاسۇسلۇق قىلغان يەتتە خىتاينى قولغا ئالدى.


CNN تۈرك قانىلىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، تۈركىيە دۆلەتلىك ئىستىخبارات تەشكىلاتى ئالدىنقى ھەپتە ئىستانبۇلدا چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەت ئىجرا قىلىپ، يەتتە خىتاينى ساختا بازا پونكىتلىرىنى قۇرۇش، پۇقرالارنىڭ يانفونىدىكى شەخسىي ئۇچۇرلارنى ئوغرىلاش ۋە خىتايغا يوللاش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەپ قولغا ئالغان.

تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر خىتايلار 2025-يىلى تۈركىيەگە كىرگەن بولۇپ، سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار مەلۇم بىر شەخستىن بۇيرۇق ئېلىپ، گۇرۇپپا بولۇپ ھەرىكەت قىلىپ، كىرالغان ماشىنىلىرى بىلەن ئىستانبۇل، ئىزمىر، بۇرسا، يالوۋا قاتارلىق شەھەرلەردە جاسۇسلۇق، ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە ئۇلار ماشىنىسىدا جىنايەت ئىشلەۋاتقاندا قولغا چۈشكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتايلار ئىشلەتكەن يۆتكىلىشچان ساختا بازا پونكىتلىرى يۇقىرى چاستوتىلىق سىگنال تارقىتىپ، رايوندىكى مەۋجۇت بازا پونكىتلىرىنىڭ سىگنالىنى باستۇرىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ سىگناللىرىنى ئەۋەتىپ، ئابونىتلارنىڭ بۇ تورغا ئۇلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن. جاسۇسلار بۇ ئارقىلىق يانفوننىڭ IMEI نومۇرى، IP نومۇرى، سۆزلىشىش خاتىرىسى، قىسقا ئۇچۇر، كرېدىت كارتا ئۇچۇرلىرى قاتارلىقلارغا ئېرىشەلەيدىكەن.







ئۇلار قۇراشتۇرۇپ چىققان ساختا بازا پونكىتلىرىنىڭ ئۇسكۇنىلىرى خىتايدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، توپلىغان مەلۇماتلارنى، ئابونتلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى خىتايدىكى بىر مۇلازىمېتىرغا يوللىغان. ئۇلارنىڭ

تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلىرى ئىستانبۇلدا ئېلېكترونلۇق ئۇسكۇنە ساتىدىغان بىر شىركەتنىڭ خىتاي خوجايىنى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن بولۇپ، مەزكۇر خىتايمۇ نۆۋەتتە نەزەربەند قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،







ئىشلىتىلگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ تۈركىيەگە قانداق ئۇسۇللار بىلەن كىرگۈزۈلگەنلىكىگە ئالاقىدار تاموژنا، چېگرادىن كىرىش خاتىرىلىرى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش باشلانغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، قولغا ئېلىنغان يەتتە خىتاينىڭ ئىسمى ليۇ جېنخۇا، ۋۇ جيوك، ۋۇ رېنجۈن، شياۋ شيوكچياڭ، چيۇ زوۋېي، ما شيۈپىڭ ۋە زۇ دېيۈەن ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار جاسۇسلۇق ئۈچۈن ئىشلەتكەن تېخنىكىنى پەقەت دۆلەتنىڭ ساقچى، ئىستىخبارات ئورگانلىرى سوتنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىشلىتەلەيدىكەن.

بۇ خىل جاسۇسلۇق ئۈسكۈنىلىرىنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، مەزكۇر خىتايلار ئۈسكۈنىنى نەچچە پارچىگە بۆلۈپ، ئوخشىمىغان ئايروپىلاندا نۆۋەت بىلەن توشۇپ ئەكەلگەن. گەرچە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ خىتاي ئوخشاش ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار «بىر-بىرىمىزنى تونۇمايمىز» دەپ تۇرۇۋالغان.

نۆۋەتتە مەزكۇر جاسۇسلۇق جىنايىتى ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن سوتلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.




# خىتاي ئۈرۈمچىدە يەنە ئارقىمۇ ئارقا خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزدى

خىتاي بۇ ھەپتە ئۈرۈمچىدە خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن سىرت، يەنە بىر نەچچە خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزدى. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش تاكتىكىلىرىدىن بىرى دەپ قارالماقتا.

خىتاي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي 12-ماي ئۈرۈمچىدە تۇنجى نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن سىرت، شۇ كۈنى يەنە 2025-يىللىق خىتاي – ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقات - قوللىنىش ھەمكارلىق يىغىنى ۋە 13-ماي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنى ئۆتكۈزگەن.

12-ماي ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا ما شىڭرۇي ختاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلغانلىقىنى، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ۋە ختاي – ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنى مېخانىزمى رامكىسىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

يىغىندا ختاي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان. شۇنداقلا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ ئالىي تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلۇشى باشلىتىلغان.

ئۇندىن باشقا 13-ماي ئۈرۈمچىدە 9-نۆۋەتلىك شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىنغا رۇسىيە، بېلارۇسىيە، ئىران، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالاقىدار يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى قاتناشقان.


يىغىندا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى دۆلەتلىك رەقەملىك مائارىپ ئىتتىپاقى ۋە ختاي-شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى دوكتورلۇق تەربىيەلەش، يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان. شۇنداقلا 10-قېتىملىق يىغىنىنىڭ بېلارۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ختاي كۆپلىگەن خەلقئارالىق يىغىنلارنى ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، جۈملىدىن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بۇلتۇر 7-ئايدا شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلىق-2024» ناملىق بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزگەنىدى. ختاي بۇ خىل تاكتىكىلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا، ھەممە ئىشنىڭ نورمال داۋاملىشىۋاتقانلىقىدەك ساختا كۆرۈنۈشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتا.

# قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقارغان تەتقىقاتچىنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلىدى



يېقىندا دانىيەلىك ئىنسانشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس دوكتور رۇنى ستېنبېرگنىڭ قازاقىستانغا كىرىشى چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقارغانلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولغان.



«يەرشارىۋى ئاۋازلار» تورىنىڭ بۇ ھەقتە دوكتور رۇنى ستېنبېرگنى زىيارەت قىلىپ ئىگىلىشىچە، ئۇ بۇرۇن قازاقىستانغا كۆپ قېتىم بارغان بولسىمۇ، 12-ئاپرېل قازاقىستاننىڭ چېگرا ساقچىلىرى تەرىپىدىن توسۇپ قېلىنغان ۋە چېگرادىن كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمەيدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. دوكتور ستېنبېرگ ساقچىلارنىڭ ئېنىق سەۋەبنى ئېيتمىغانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

دوكتور ستېنبېرگ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىپلا قالماي، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى ئاكتىپ ئاۋاز چىقارغان. ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان دوكتور ستېنبېرگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ تەتقىقات بىلەن

شۇغۇللىنىشى مۇمكىن بولمىغاچقا، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىپ، تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان.

«يەرشارىۋى ئاۋازلار» تورى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇنى زىيارەت قىلىپ، قازاقىستاندىن چەكلىنىش سەۋەبى ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلىگەن. دوكتور ستىنبېرگنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 12-ئاپرېل كەچقۇرۇن بىشكەكتىن ئالمۇتاغا بېرىشنى پىلانلىغان ۋە قىرغىزىستاننىڭ چېگرا تەكشۈرۈشىدىن نورمال ئۆتكەن. ئەمما قازاقىستان چېگراسىغا كىرىشتە چېگرا خادىملىرى ئۇنىڭ پاسپورتىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەن ۋە ئۇنى سۈرەتكە تارتقان. خادىملار بىردەم مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قازاقىستانغا كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان، ئەمما سەۋەبىنى ئېيتمىغان. دوكتور ستىنبېرگ ئامالسىز بىشكەككە قايتىشقا مەجبۇر بولغان.

دوكتور ستىنبېرگ بۇندىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قازاقىستان ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىپ باقمىغانلىقىنى، ھەر قېتىم قازاقىستانغا بارغاندىمۇ تۇرۇش مۇددىتىگە رىئايە قىلغانلىقىنى، ھېچقانداق قانۇن-نىزامغا خىلاپلىق قىلمىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە بۇندىن ئىلگىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى، شەرقىي تۈركىستاننى تەتقىق



قىلغانلىقى ۋە ئاۋاز چىقارغانلىقى سەۋەبلىك، قازاقىستاندىن چەكلەنگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

دوكتور ستىنبېرگ بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان شەرقىي تۈركىستان ۋە قازاقىستاندىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە كىرىشتىن چەكلەنگەن بولسىمۇ، قولىدا ئىنتايىن كۆپ ماتېرىيال بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى، قازاقىستانغا كىرىشى چەكلەنگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاۋاز چىقارغان چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ قازاقىستانغا كىرىشتىن تۇنجى قېتىم چەكلىنىشى ئەمەس بولۇپ، «شاھىت بىز» نامىدا زور مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان تەتقىقاتچى يېۋگېنىي (جىن) بۇنىڭمۇ 2021-يىلى قازاقىستان تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈپ، چېگرادىن كىرىشى چەكلەنگەنىدى.





# خىتاينىڭ قۇياش ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىدا مەخپىي ئالاقە ئۈسكۈنىسى بايقالدى

ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى خىتايدا ئىشلەنگەن بىر قىسىم قۇياش ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىدىن يوشۇرۇن ئالاقە ئۈسكۈنىسى بايقىغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ھەققىدە قايتا ئەندىشە قوزغىدى.

ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىككى كىشىنىڭ رويتېرس ئاگېنتلىقىغا ئېيتىشىچە، رۇخسىتى بولمىغان، خاتىرىلەنمىگەن يامان غەرەزلىك خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى خىتايدا ئىشلەنگەن بىر قىسىم قۇياش ئېنېرگىيەسى

مەھسۇلاتلىرىدا، جۈملىدىن ئىنۋېرتور ۋە باتارېيەدە بايقالغان.

ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى ئېلېكتىر تورىغا ئۇلانغان، ختايدا ياسالغان ئىنۋېرتورلارنى چۇۋۇغاندا، مەھسۇلات لايىھەسىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى بايقىغان. بۇ ئۈسكۈنىلەر يەنە بىر قانچە ختاي تەمىنلىگۈچىنىڭ باتارېيەسىدىنمۇ تېپىلغان. گەرچە بۇ ھەقتە كونكرېت سان ۋە ماركا ئاشكارىلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەنبەلەر رويتېرس ئاگېنتلىقىغا بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ تورغا سوقۇنۇپ كىرىش خەۋپى بارلىقىنى ۋە ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشقان.

خەۋەردە مەزكۇر «ئەرۋاھ خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى»نىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يىراق مۇساپىلىك خەۋەرلىشىش يوللىرىنى ئېچىش مۇمكىنلىكى، بۇ ختايغا ئوخشاش يامان غەرەزلىك تەرەپلەرنىڭ قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە ئەسلىھەلىرىنى كونترول قىلىش، تاقاش ياكى بۇزۇشقا يول ئېچىش مۇمكىنلىكى، ئېلېكتىر تورىغا تېخىمۇ كۈچلۈك تەھدىت ئېلىپ كېلىش مۇمكىنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئەگەر خاككېرلار بۇ يوشۇرۇن ئالاقە يوللىرى ئارقىلىق كونتروللۇقتا ئېرىشسە، ئۇلار ئۈسكۈنىنىڭ تەڭشىكىنى يىراقتىن ئۆزگەرتەلەيدىكەن، ھەتتا پۈتكۈل توك چىقىرىش سىستېمىسىنى تاقاپ، چوڭ كۆلەملىك توك توختاپ قېلىش ياكى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

ختاينىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى بۇ ھەقتىكى ئەيىبلەشنى ئىنكار قىلىپ: «بىز دۆلەت بىخەتەرلىك ئۇقۇمىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ۋە ختاينىڭ ئۇل ئەسلىھە ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بۇرمىلاش ۋە تۆھمەت قىلىشقا قارشى تۇرىمىز» دەپ جار سالغان.

# ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى يېتىم بالىلار ئۈچۈن پىلانلانغان پائالىيەتنى ئۇيغۇر بالىلار سەۋەبلىك ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم كۇلۇبى تەشكىللىگەن مەزكۇر پائالىيەت ئۈچۈن بىر ئاي بۇرۇن رەسمىي رۇخسەت ئېلىنغان بولسىمۇ، مەزكۇر پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان يېتىم بالىلار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانلىق بالىلارمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپ باشتا ئۇيغۇر بالىلارنىڭ بۇ پائالىيەتكە قاتناشماسلىقىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما بۇ تەلەپ ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، پائالىيەت بىر كۈن بۇرۇن مەكتەپ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلگەن ئۇچۇردا «خىتاي باش كونسۇلخانىسى بىلەن دىپلوماتىك كىرىزىس كۆرۈلۈشى مۇمكىن» دېگەن بايانلار بار بولۇپ، ئۇندىن باشقا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئوقۇغۇچىلار 4-ئايدا كۇلۇب ئۇيۇشتۇرغان «غەززە ۋە شەرقىي تۈركىستان» ناملىق يىغىنىنىڭمۇ مەكتەپ مۇدىرى تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئۇ ۋاقىتتىكى كۆرسىتىلگەن سەۋەبمۇ ئوخشاشلا «خىتاي بىلەن دىپلوماتىك



كىرىزىس يۈز بېرىشى مۇمكىن» بولغان.

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بۇ قارارىدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبى جۈمە كۈنى مەكتەپ ھويلىسىدا قوللىرىدا «قاتىل خىتاي، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يوقال!» دېگەن لوزۇنكىنى كۆتۈرگەن ھالدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ۋە ئىلمىي مۇستەقىللىقنى قوغداش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنى باشقا دۆلەتنىڭ تەلپىگە باش ئەگدى، دەپ ئەيىبلىگەن.




باياناتتا: «باشقا بىر دۆلەتنىڭ بۇ خەلق ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دەرىجىسى بىزنىڭ دۆلەت شەرىپىمىز ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىناۋىتى بىلەن سىغىشالمايدۇ... شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە داۋاملىق لەپىلدەپ تۇرىدۇ. بىز شەرقىي تۈركىستاننى قوغداشتىن ۋاز كەچمەيمىز» دېگەن مەزمۇنلار ئورۇن ئالغان.

ئوقۇغۇچىلار يەنە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى ئوسمان بۇلەنت زۈلفىقارغا بىۋاستە خىتاب قىلىپ: «چەت ئەل دۆلىتىنىڭ تەلىپى قانداق قىلىپ تۈركىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؟ مۇدىرىيىتىمىز ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى قوغداۋاتامدۇ ياكى زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداۋاتامدۇ؟» دېگەن.

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ پوزىتسىيەسىنى «باش ئېگىش ۋە قورقۇنچاقلىق» دەپ سۈپەتلەپ، خىتاي بىلەن ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنىشىنى، چەكلەش بۇيرۇقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۈركىيە ياشلىرىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلغان.

# خىتاي ئاتالمىش «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۇزېيى» قۇرۇپ ئىشغالىيىتىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇندى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەت تارىخىنى پەردازلاشتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئاتالمىش «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» ئۈچۈن مەخسۇس مۇزېي ياساپ چىققان بولۇپ، دۇنيا مۇزېي كۈنىگە ئۇدۇللاپ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئاتالمىش «شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 18-ماي «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۇزېيى» بۈگۈردە رەسمىي ئېچىلغان. خەۋەردە مۇزېيغا قويۇلغان يادىكارلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر دەۋردە مەركىزىي



ھۆكۈمەت باشقۇرۇشى ئاستىدا تۇرغانلىقى، ھەر مىللەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالاقە قىلىش، بىرلىشىش جەريانىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدەك سەپسەتىلەر تەكرارلانغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ساختا تەشۋىقات ئۈچۈن قۇرۇلغان مەزكۇر مۇزېينى ياساشقا ئىككى يىل ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، ئاتالمىش «قورۇقچى باشلىقى ئىدارىسى قۇرۇش»، «غەربىي دىياردا ھۆكۈم يۈرگۈزۈش»، «يىراق يەرلەرنى ئېچىش»، «خەن سۇلالىسى قائىدىلىرىنى ئۆلگە قىلىش» ۋە «بىر نىيەتتە قۇرۇش» قاتارلىق بەش قىسىمدىن تەشكىل تاپقان، 463 پارچە «يادىكارلىق» قويۇلغان.

خەۋەردە مۇزېيغا قويۇلغان بىر تۇچ داڭقاننىڭ مۇزېيدىكى ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىق ئىكەنلىكى، بۇ تۇچ داڭقاننى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭلا ئىشلىتەلەيدىغانلىقى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت نومۇسسىزلارچە سەپسەتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى قىسقا ئىشغالىيەت تارىخىنى بۇرمىلاش، پەردازلاشتا «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»نى چوقۇم تىلغا ئالىدىغان بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60-يىلىدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ «خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى» بولغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ «ئاتا مىراس زېمىنى»غا ئايلانغانلىقىدەك نومۇسسىز سەپسەتىلەر خىتاينىڭ مەخسۇس يىغىنلىرىدا، ئاخبارات، نەشرىيات، دەرسلىكلىرىدە ئالاھىدە تەكرارلىنىپ كەلمەكتە.

ھالبۇكى، خىتاينىڭ بۇ سەپسەتىلىرى نوپۇزلۇق تارىخشۇناسلار، تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئويدۇرما يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېيلىرى پەقەت ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»نىڭ ئەسلى ئورنىنىڭ ۋە بۇ ھەقتىكى بايانلارنىڭ توختىماي ئۆزگەرتىلىپ تۇرۇشىمۇ خىتاينىڭ ساختىپەزلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.




# خىتاي ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ساختا تەشۋىقات كىنوسىنى خەلقئارالىق فېستىۋالغا قاتناشتۇردى

78-نۆۋەتلىك فرانسىيە گانا خەلقئارا كىنو فېستىۋالى 13-مايدىن 24-مايغىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، خىتاي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار باش تېما قىلىنغان «غەيرەت قىلىڭ، نائىلە» ناملىق ساختا تەشۋىقات كىنوسىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرغان.


تەگرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر كىنودا نائىلە ئىسىملىك ئۇيغۇر قىزنىڭ خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سىياسىتى»نىڭ قوللىشىدا، ئاتا-ئانىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، گۇاڭدۇڭ-خوڭكوڭ-ئاۋمېن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ماشىنا رېمونت قىلىشنى ئۆگەنگەنلىكىدەك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. خەۋەردە بۇ كىنونىڭ خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەنگەنلىكىگە ئېنىق ئىشارەت

قىلىنغان بولۇپ، خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى»، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق باش تېمىلارنىڭ ئاساس قىلىنغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

تونۇشتۇرۇش فىلىمىدىكى ئاز بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر بۇ كىنونىڭ سېپى ئۆزىدىن بىر ساختا تەشۋىقات پىلانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، كىنودا باش پېرسوناژ نائىلەنىڭ يېقىن دوستلىرىمۇ پۈتۈنلەي خىتايلار، يەنە كېلىپ ئوغۇللار بولۇپ، نائىلەنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ئىنتايىن ناچار ئىكەنلىكى، دادىسى ئۇنىڭغا دەرستە ياخشىلانمىسا بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ ئەرگە تېگىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى، نائىلەنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قارشىلىقلىرىغا قارىماي، خىتاي ئۆلكىلىرىگە بېرىپ ماشىنا رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىشتەك «بۈيۈك ئارزۇ»سىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشقانلىقى، ئاخىر خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» سىياسىتى ئاستىدا نىشانىغا يەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

گەرچە بۇ كىنودا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى باش تېما قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان بولسىمۇ، دادىسىنىڭ دوپپا كىيىپ يۈرۈشى ۋە ئۆيىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا بېزىلىشىدىن باشقا، كىشىگە ئىچى قۇرۇق بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن. جۈملىدىن باش پېرسوناژ نائىلەنىڭ خىتايلارغا، بۇددىستلارغا ئوخشاش قولىنى جۈپلەپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى تىلىگەن كۆرۈنۈشى خىتاينىڭ مىللىي، دىنىي كىملىكىنى يوقاتقان، خىتايلاشقان بىر ئۇيغۇر ئوبرازىنى ياساپ چىقىشقا كۈچىگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش ئۈچۈن، تەشۋىقات، مېدىيا ساھەسىگە غايەت زور خىراجەت، كۈچ ئاجراتقان بولۇپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا كۆپلىگەن كىنو، ھۆججەتلىك فىلىملەرنى بازارغا سالماقتا. مەزكۇر ساختا تەشۋىقات فىلىملىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بەختىيار، باياشات ياشاۋاتقانلىقى، خىتاي سىياسىتىنىڭ ئالاھىدە ياخشى ئىكەنلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار باش تېما قىلىنىپ، پۈتۈنلەي ساختا رېئاللىق ئوتتۇرىغا چىقىرىلماقتا.





# خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان غايەت زور تور ئالدامچىلىق ئۇۋىسى پاش بولدى

يېقىندا تۈركىيەنىڭ 30 غا يېقىن ۋىلايىتىدە ئىجرا قىلىنغان ھەرىكەتتە، خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان غايەت زور تور ئالدامچىلىق گۇرۇھى بىتچىت قىلىنغان بولۇپ، 70 نەچچە جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلغان.

CNN TURK قانىلىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ تور ئالدامچىلىق گۇرۇھى ساختا مەبلەغ سېلىش تور بېكەتلىرى ئارقىلىق ئالدامچىلىق قىلىپ، پەقەت تۈركىيەدە بىر يىل ئىچىدىلا 500 مىليون دوللار پايدا ئالغان. مەزكۇر جىنايەت گۇرۇھى ئېرىشكەن پۇللىرىنى 40 تىن ئارتۇق مەخپىي شىركەت ئارقىلىق، كامبودژادىكى مەخپىي پۇل ئالماشتۇرۇش مەركىزىگە ئەۋەتكەن، ئاندىن خىتايغا يۆتكىگەن. ئۇلارنىڭ جىنايەت تورى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئالدامچىلىق ئارقىلىق بىر يىلدا دۇنيا مىقياسىدا ئېرىشكەن پايدىسى 12 مىليارد دوللارغا يەتكەن.

خىتايلارنىڭ بۇ جىنايەت گۇرۇھى سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسى ۋە ساختا مەبلەغ سېلىش تور بەتلىرى ئارقىلىق زور پايدا ئالغان بولۇپ،







ئالدىنقى ھەپتە ئىستانبۇلنى مەركەز قىلغان 28 ۋىلايەتتە ئىجرا قىلىنغان ھەرىكەتتە 70 نەچچە جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلغان. ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئۆيلەردىن نەق پۇل، قورال-ياراغ قاتارلىقلار قولغا چۈشكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ مەزكۇر جىنايەت گۇرۇھى كامبودژادا مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرى قۇرغان بولۇپ، تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ياشلارنى يۇقىرى مائاش ۋەدىسى بىلەن ئالداپ، ئاۋۋال خىتايغا ئەۋەتكەن، ئاندىن مەلۇم مىقداردا پۇل بەرگەندىن كېيىن، كامبودژاغا يوللىغان. ئۇلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن جىنايەت گۇرۇھى ئۇلارنىڭ پاسپورتلىرىنى تارتىۋېلىپ، سىرتقىمۇ چىقارغۇزماي، تامامەن مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېر ھالىتىدىكى ئورۇندا تور ئالدامچىلىقى ئۈچۈن مەجبۇرىي ئىشقا سالغان.

# خىتاي تور يازغۇچىسىنىڭ ماقالىسى ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى ئاشكارىلىدى

يېقىندا خىتايدىكى بىر تور يازغۇچىسى ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنى مەدھىيىلەش مەقسەت قىلىنغان بۇ ماقالە ئەكسىچە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

بىر نەچچە كۈن بۇرۇن خىتاينىڭ داڭلىق تور بېكىتى بولغان كۆزەتكۈچى توردا «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نامدىكى بىر خىتاي ئانالىزچى ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر ماقالە ئېلان قىلغان. مەزكۇر ماقالىدە ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا كۆرگەن بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەردىن ھاياجانلانغانلىقىنى، تۈرلۈك سىياسەتلەر نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىدىيەدە ئازاد بولغانلىقى»نى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ئېيتىپ بىلجىرلىغان.

مەزكۇر خىتاي ماقالىسىدە ئىككى مەسىلىنى نۇقتىلىق تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرسى ئاشخانىلاردىكى پۈتۈنلەي خىتايچە يېزىلغان تاماق تىزىملىكى بولغان. ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانىسىدىكى




تاماق تىزىملىكىنىڭ ئۇيغۇرچە ياكى ئۇيغۇرچە-خىتايچە يېزىلىدىغانلىقىنى، نۆۋەتتە پۈتۈنلەي خىتايچە يېزىلىپ، ئالاقىنى قولايلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىدىيەدە ئازاد بولۇشى»، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئائىلىسىگە سىڭىپ كىرىشى» ۋە مىللەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، دەپ جار سالغان ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش «قوشماق

تۇغقان سىياسىتى»، خىتاي تىل-يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىياسىتى نەتىجىسىدە بۇ ۋەزىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

خىتاي يازغۇچى ماقالىدە تىلغا ئالغان يەنە بىر نۇقتا ھالال تاماق مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇندىن ئىلگىرى «دىنىي ئىدىيەنىڭ كىشەنلىشى» ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى سەۋەبلىك چوشقا گۆشىگە يېقىن يولمايدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىسىگە توسالغۇ شەكىللىنىپ كەلگەنلىكىنى، خىتاينىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرى، جۈملىدىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ چوشقا گۆشىگە بولغان «كەمسىتىش، بىر تەرەپلىمە قارىشى»نىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، «ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، قالاق



ئادەتلەرنى تاشلىغانلىقى»نى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئاشخانىسىدا تاماق يېيىشىنىڭ نورمال بىر ئىشقا ئايلانغانلىقىنى ئېيتىپ، نومۇسسىزلارچە بىلجىرلىغان.



ئۇ خىتاينىڭ بۇندىن ئىلگىرى سىياسەتلىرىنى مىسال تەرىقىسىدە بايان قىلغان بولۇپ، ئالدىنقى يىللاردا نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالال يېمەكلىك مەسىلىسىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر، ئەمما مۇسۇلمان ئەمەسلىكىدەك «مەيدانىنى ئېنىق جاكارلىغانلىقى»نى، كۆپلىگەن ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ باش بولۇپ، خىتاي ئاشخانىسىغا كىرىپ چوشقا گۆشى يېگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

مەزكۇر خىتاينىڭ ماقالىسى شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، جۈملىدىن خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، دىنني باستۇرۇش، تىل-يېزىقنى چەكلەش... قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلاپ بەرگەن. بۇلارغا قارىماي، ئىشغالىيەتچى خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ، ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقىدەك سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.




# خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە يىغىن ئاچتى

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى ئارقىلىق جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان خىتاي 25-ماي ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا شەھىرىدە 2025-يىللىق ئاتالمىش «شىنجاڭ ساياھەت تەرەققىيات يىغىنى» ئېچىپ، بۇ جىنايىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى پىلانلىدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە،

يىغىندا ما شىڭرۇي، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى سۆز قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندا ساياھەت كەسپىنىڭ «ئون چوڭ كەسىپ توپى»غا كىرگۈزۈلۈپ چىڭ تۇتۇلغانلىقى، ئاتالمىش «شىنجاڭ ياخشى جاي» داڭلىق ماركىسىنى ياراتقانلىقى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ھەققىدە جار سالغان.

خەۋەردە مەزكۇر يىغىننىڭ نىمە ئۈچۈن كۇچاغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، «مىڭ يىللىق كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ جۇشقۇن ھاياتى كۇچىدە ئۇرغۇتۇش... خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى نامايان قىلىش» دېگەندەك ئىبارىلەر ئورۇن ئالغان.

خىتاي بولتۇر ئىيۇل ئېيىدا كۇچا يەر ئاستى قەدىمىي قەبرىستانلىقى مۇزېيىنى ئېچىپ، قەدىمىي قەبرىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى ئىلمىيلىككە زىت ھالدا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەندى ۋە مەزكۇر قەبرىستانلىقنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىن بېرى خىتاينىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكى، تارىختا شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى رايونلاردا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەمەس، بەلكى خىتايدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ياشىغانلىقى»دەك نومۇسسىزلارچە سەپسەتىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغانىدى. شۇنداقلا بۇ ئايدا خىتاي يەنە كۇچادا چوڭ مۇزېي توپى قۇرۇش پىلانىنى ئېلان قىلغانىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بۇ يىغىنغا 33 دۆلەتنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ھۆكۈمەت ۋە كارخانا ۋەكىللىرى قاتنىشىپ، خىتاينىڭ بۇ جىنايىتىگە ئاۋاز قوشقان.

يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سايahەت كەسىپ تۈپى تەرەققىيات يېرىك



پىلانى (2025 - يىلدىن 2030 - يىلغىچە)» ئىلان قىلىنغان. مەزكۇر پىلاندا 2030-يىلغا بارغاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يىللىق كۈتۈۋالىدىغان ساياھەتچى ئومۇمىي سانىنى 400 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشۇرۇش، ئۇنىۋېرسال تىجارەت كىرىمىنى بىر تىرىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش پىلانلانغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار باشلىق تۈركىي خەلقلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا كۆپلىگەن ساياھەت نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىپ، ساياھەتچىلىك ساھەسىگە ئالاھىدە كۈچمەكتە. ئەقىل ئامبارلىرى خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرى ھەققىدە بىر قىسىم دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ، كۆپلىگەن خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ، خەلقئارالىق مېھمانخانا زەنجىرلىرىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى»گە شېرىك بولۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلغانىدى.



# خىتاي تارىم نېفىتلىكىدە 200 گە يېقىن دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلىغان

خىتاينىڭ ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان تەبىئىي بايلىقلىرى ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، خىتاي ھازىرغا قەدەر تارىم نېفىتلىكىدە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇقتىن 193 نى بۇرغىلىغان.



خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 28-مايدىكى خەۋىرىدە بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يىل تارىم نېفىتلىكى بۇرغىلاپ تاماملىغان چوڭقۇر يەر قاتلىمى «تاكې 1 - قۇدۇقى» ئاسىيا بويىچە بىرىنچى، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى تىك چوڭقۇر قۇدۇق بولۇپ قالغان. خىتاي تارىم نېفىتلىكىدە 8000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇقتىن 193 نى بۇرغىلاپ چىققان بولۇپ، بايقىغان ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى نېفىت - تەبىئىي گاز زاپاس مىقدارى خىتاينىڭ پۈتۈن زاپاس مىقدارىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىگەن.

خەۋەردە بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نامى بىلەن پەردازلانغان بۇلاڭ-تالاڭدىكى ئاساسلىق تەبىئىي گاز مەنبەسى بولغانلىقى، ھازىرغا قەدەر تارىم نېفىتلىكىنىڭ جەمئىي 172 مىليون تونна نېفىت، 473 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.


بۇلار پەقەت تارىم نېفىتلىكىدىكى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىۋاتقان بايلىقلارنىڭ ئۇچۇرلىرى بولۇپ، بۇلتۇرقى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا 250 دىن ئارتۇق دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر نېفىت-تەبىئىي گاز قۇدۇقى بۇرغىلانغان.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقىنى تالان-تاراج قىلىپ، خىتايغا توشۇشنى بىر كۈنمۇ توختاتماي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، بۇلاڭ-تالاڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تېخنىكىسىنى داۋاملىق ئىلغارلاشتۇرۇپ، دەرىجىدىن چوڭقۇر نېفىت قۇدۇقلىرىنى قېزىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. ھالبۇكى، مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ بۇ جىنايىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىتىغا ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە .

# نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى: خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتمەكتە

خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ بىرى بولغان نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى 29-ماي يېڭى ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» باھانىسى بىلەن پىلانلىق ھالدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشلەشكە ئەۋەتىۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ئۆزگەرتىش، ئاسسىملىياتسىيە قىلىش ۋە شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى، ئاخباراتچىلىقنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى ۋە گېرمانىيەنىڭ خەۋەر ئورگىنى « DER SPIEGEL» يېقىندا بىرلەشمە تەكشۈرۈش



ئارقىلىق، خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «خىزمەت پىروگراممىلىرى»غا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشلەشكە ئەۋەتىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئەھۋالنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى بايقىغان.

مەزكۇر تەكشۈرۈشتە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى بەش كەسپكە ئالاقىدار 70 نەچچە زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئىشچىلار ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلگەن.



داڭلىق ماركىلار ئۈچۈن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇ پىروگراممىلاردا تۇمەنلىگەن ئۇيغۇرلار خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمگەك مۇتەخەسسىسلىرى، ئاكادېمىكلار ۋە ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى بۇ پىروگراممىلارنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكەن.

ماقالىدە ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىپ ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم ۋاستىسىغا ئايلانغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئارقىلىق جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالمىغان ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

مەزكۇر ماقالىدە يەنە 2018-يىلى نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىتاي تەتقىقاتچىلار يازغان ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرىغا سۇنۇلغان دوكلاتتا، ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىش پىلانىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ۋە مىللەتنى ئاسسىملىياتسىيە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى مىسال تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنغان.

خىتاي نۆۋەتتە ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا بۇ جىنايىتىنى پەردازلىماقتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاي ئاققۇنلىرى ھەقسىز ئۆي، ھەقسىز يەر، يۇقىرى مائاش تەشۋىقاتلىرى بىلەن، شەرقىي تۈركىستانغا تۈركۈملەپ يەرلەشتۈرۈلمەكتە.




خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېنېرگىيە بايلىقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش بىلەن
بىرگە، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكتە.




تۈركىيە دۆلەتلىك ئىستىخبارات تەشكىلاتى جىددىي ھەرىكەت ئېجرا قىلىپ،
ساختا بازا پونكىتلىرى بىلەن جاسۇسلۇق قىلغان يەتتە خىتاينى قولغا ئالدى.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

## شەرقىي تۈركىستاندا
## نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV    info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15    +90 553 895 19 33    +90 541 797 77 00